السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئەتتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئىخلاس سۈرىسى ۋە مۇئەۋۋەزەتەيننى ئوقۇساڭ، بۇ سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭغا كۇپايە قىلىدۇ» دېدى

ئابدۇللاھ بىن خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: بىز يامغۇرلۇق بىر زۇلمەت كېچىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى بىزگە ناماز ئوقۇپ بىرەمدىكىن دەپ ئىزدەپ چىقتۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى تاپتۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سۆزلە» دېدى، مەن ھېچ نەرسە دېمىدىم، ئاندىن يەنە:«سۆزلە» دېدى، مەن ھېچ نەرسە دېمىدىم، ئاندىن يەنە:«سۆزلە» دېدى، مەن: نىمە دەيمەن؟ دېدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ئەتتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئىخلاس سۈرىسى ۋە مۇئەۋۋەزەتەيننى ئوقۇساڭ، بۇ سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭغا كۇپايە قىلىدۇ» دېدى.
[(سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ]

ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللاھ بىن خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەۋەر قىلىشچە: ئۇلار بەك يامغۇر يېغىۋاتقان قاراڭغۇ بىر كېچىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئىزدەپ چىقىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاپتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:«سۆزلە» يەنى ئۇقۇغىن دېدى، ئۇ ھېچ نەرسە ئوقۇمىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سۆزنى قايتا تەكرارلىدى، ئابدۇللاھ: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! نىمە ئوقۇيمەن؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« ھەر كۈنى ئەتتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئىخلاس سۈرىسى ۋە مۇئەۋۋەزەتەيننى ئوقۇساڭ، بۇ سېنى ھەرقانداق يامانلىق ۋە ناچار ئىشتىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ»دېدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6082

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee